# سيرق توغاي بلان تۇلكه



# سېرىق توغاي بىلان تۈلكە



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن ـ 1956



ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۆتكەن زاماندا گوزەل بىر سېرىق
توغاي بىلەن تۈلكە دوست بولۇشۇپتۇ. سېرىق توغاي تۈل-
كىنى ناھايىتى ياخشى كورۈدىكەن، شۇڭا تۈلكە نەگە بارسا،
سېرىق توغايمۇ شەگە بارىدىكەن.



شۇغىنىسى، ھىلىگەر تۇلكە ھېمىشە سېرىق توغاينى ئال-
داش كويىدا ژۇرۇدىكەن. بىر كۇنى تۇلكە سېرىق توغايغا:
«ئۇكام ئىككۇيلەن تەڭ ئوتاق بۇغداي تېرىسايلىمۇ! بىللە تەر
توكۇپ، بۇغداي پىشقاندا تەڭ بولۇشسەك» دەپتۇ.



سېرىق توغاي بۇنىڭغا رازى بوپتۇ، ئىككىيلەن بۇغداي
تېرىغىلى ئېتىزلىققا مېڭىپتۇ.



تۈلكىدەك ھورۇن مەخلۇق يوق ئىكەن، ئۇ ئىشلە ـ ئىش‑
لىمەيلا، بېشىنى تاتلاپ ھىلىگەرلىك قىلماقچى بوپتۇ.



تۇلكە سېرىق توغايغا: «ھەي دوستۇم! بولمىدى، ئاسمان ئورۇلۇپ چۈشۈدىغاندەك تۇرۇدۇ! مەن ئاۋۇ تاققا چىقىپ ئاسمانىنى تۇتۇپ تۇراي، سىكا ئاسمان ئورۇلۇپ چۈشۈپ بۇغدايىڭ مىجىقمىنى چىقىرىۋەتمىسۇن يەنە!» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ سېرىق توغاي ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ ۋە تەسىرلىنىپ كېتىپ: «ئوزلىرىنىڭ ھەممىتىگە باغلىق!» دەپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، ھىلىگەرتۈلكە تاقىقا چىقىۋېلىپ، ئۆزۈن-
نىڭچە راھەتلىنىپ يېتىپتۇ، بىچارە سېرىق توغاي ئۆزى يالغۇز
بوغداي تېرىپتۇ.



ئوما ۋاختمۇ يتىپ كېپتۇ، قايدە بويچە تۈلكە سېرىق
توغاي بلەن بللە ئومغا چمقشى لازم ئدى. ئەمما ئشقا
كەلگەندە تۈلكدەك هورۇن مەخلۇق يوق ئكەن، ئۇ يەنە
توغايغا يالغان ئېيتىپ: «قاراڭ بۇلۇت كېلىۋاتىدۇ، يامغۇر
ياغىدىغاندەك پەيلى بار! سىز ئوما ئورۇغاچ تۇرۇڭ، مەن بۇلۇت-
لارنى توساپ تۇراي، بىكا يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بۇغداي-
لارنى هول قىلىۋەتمىسۇن» دەپتۇ.



شۇ ئارىدا، دىگەندەك تاغ كەينىدىن پارچە-پارچە بو-
لۇتلار چىققىلى باشلاپتۇ، تۈلكە بولسا، ئالدى پۇتىنى ئىگىز
كۆتۈرۈپ، خۇددى كۈچىنىڭ بىرىچە بۇلۇتنى توسقاندەك قىلىپ
ئولتۇرۇپتۇ.



سېرىق توغاي تۈلكىدىن قىلچە گۇمانلانماي، ئېتىزلىقتا
ئۆزى يالغۇز ھېرىپ - ئېچىپ ئىشلەپتۇ، بۇنى كۆرگەن تۈلكە
سېرىق توغاينى «تازا ھاماقەت ئىكەن» دەپ زاڭلىق قىلىپ
كۈلۈپتۇ!



خامان ۋاختىمۇ يېتىپ كېپتۇ، تۈلكە يەنە ھىلىگەرلىك ئىش-
لىتىپ شۇملۇغىنى قىپتۇ. ئۇ سېرىق توغايغا: «دوستۇم!
مەن بېرىپ بوراننى توساپ تۇراي، بولمىسا، بوران بۇغدايىنى
ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سېرىق توغاي
ھەممە بۇغدايىنى ئۆزى يالغۇز تېپىپ سورۇپ بوپتۇ، تۈلكە
بولسا بىر دالدىغا كىرىۋېلىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ.



سېرىق توغاي بۇغداينى تاسقاپ پاك ـ پاكىزە قىلىپ قويۇپ، ئاندىن تۈلكىنى. «تۈلكە ھەدە! مايەرگە كېلىڭ، بۇغداينى بۆلۈشەيلى» دەپ قىچقىرىپتۇ. بۇغداي بۆلۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان تۈلكە «مانا ـ مانا! ھازىر!» دەپ ۋاقىراپ ھايت ـ ھۇيت دېگىچە يېتىپ كېپتۇ.



سېرىق توغاي تۈلكىدىن: «تۈلكە ھەدە! ئاشلىقنى قانداق بولۇشسەك بۇلاركىن» دەپ سوراپتۇ. تۈلكە كۆرىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «مەن ئوندىن توققۇزىنى ئالاي، سىز ئوندىن بىرىنى ئېلىڭ. نىمە دىگەن بىلەن مەن سىزدىنمۇ ئېغىرراق ئىشلارنى قىلدىم! ئاسماننى تۇتۇۋالدىم، بۇلۇتنى توسۇدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بورانىمۇ توساپ تۇردۇم!» دەپتۇ.



نىمە دىيىشكەن بولسا، شۇنداق تەخسىم قىلىشىپتۇ، تۇلكە ئۇندىن توققۇزىنى ئېلىۋەپتۇ، سېرىق توغايغا ئۇندىن بىرىقاپتۇ، بۇ ئەلەگە چىدىمىغان بىچارە سېرىق توغاي ئۇزىنى بىردالدىغا ئېلىپ هوك - هوك ژىغلاپتۇ.



شۇچاغدا، بىرچوڭ تايغان كېپتۇ. ئۇ، سېرىق توغاينىڭ ژىڭىلاۋاتقانلىقىنى كورۇپ قەپتۇ ۋە ئالدىغا كېلىپ: «دوستۇم! نېمە سەۋەپتىن كوڭلۇڭ يېرىم، كىم سېنى بوزەك قىلدى» دەپ سوراپتۇ.



سېرىق توغاي بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى ژېپىدىن - ژىڭ-
ىسىگىچە تايىنىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان تايغانىڭ
غەزىۋى ئىچىگە پاتماي: «ئاپلا! تۇلكە بولسا ئۇچىغا چىق-
قان ئالدامچى ئىدى، سەن قانداقسىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ژۇردۇڭ؟ بوپتۇ، ئەمدى بىز بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ دەككە-
سىنى بېرەيلى» دەپتۇ.



ئىككىيلەن ئويلاپ بىر ئامال تېپىپتۇدە، سېرىق توغاي تايغاننى تۈلكە ئېلىپ كەتكەن ئاشلىقنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. تايغان بىرلا تورۇلۇپ، بوغدايىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.



ئەتىسى، تۈلكە ئازراق بۇغداي ئېلىپ تۈگمەنگە
بېرىپ ئۇن تارتىپ كېلەي دېگەن ئوي بىلەن، بۇغ-
داينىڭ يېنىغا كېپتۇ. قارىسا، بۇغداينىڭ ئىچىدە چوڭ
بىر ساليانىڭ قۇلاق كورۈنۈپ تۇرغىدەك.



تۇلكە: بۇ جەزمەن تاتلىق نەرسە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ۋە شۇ ھامان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ سالپاڭ قۇلاقنى كۈچىنىڭ بېرىچە چىشلەپ تارتىپتۇ.



تايغان بوٴغداي ئىچىدىن چىٴچراپ چىقىپ ، توٴلكىگە
ئېتىلىپتوٴ ۋە راسا تالاشقا باشلاپتوٴ.



تۇلكە جىنىنىڭ بىر ىچە تىپىچەكلەپ، مىڭ تەستە قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ تايغان ئاشلىقنى توغا يغاتوشۇپ بىر ىپتۇ.



شۇندىن تارتىپ، سېرىق توغاي تۇلكە بىلەن دوست بولاماسلىققا قەسەم قىپتۇ، ئۆزى تەر تۆكۈپ ئالغان بۇغدىيىنى قىشچە ئۇگىسىدا يەپ يېتىپتۇ.



ھېلقى تۈلكەچو؟ ئۇ، ئاچلقنن ئۈچەيلری تارتشپ ،
سوغۇق تالادا تەمترەپ ژۈرۈپتۇ.

بۇ كىتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955 - ژىلى سېنتەبىردە نەشر قىلىنغان بىرىنچى
نەشرى ئىككىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根據朝花美術出版社1955年2月第一版第二次印刷本譯出

كىتاپ نومېرى 152(4)705

# سېرىق توغاي بىلەن تۈلكە

تۈزگۈچى: يۇجىمىڭ، چىن جاۋشا

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى
ئادرېسى بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
كىتاپ - ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن بەرگەن رۇخسەت
قەغىزى نومېرى : «出 - 047»

مەركىزى مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1956 - ژىلى ئىيۇل بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1956 - ژىلى ئىيۇل بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
تىراژى 1-20000، باھاسى 8 فۇڭ.

書號:705(4)152

# 小鳥和狐狸

(維吾尔文)

周存緒改編

毓繼明、陳兆祥繪

民族出版社翻譯出版

地址:北京國子監街54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠印刷

新華書店發行

———————

1956年7月北京第一版

1956年7月北京第一次印刷

787粍×1092粍1/40 印張$\frac{3}{5}$

印數:1—20,000冊 定價:八分

統一書號:MR8049·維41